قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى



بەگمەت يۇسۇپ

# نادان مۇخلسلار

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بەگمەت يۇسۇپ

# نادان مۇخلىسلار

( نەسرلەر توپلىمى )



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：艾山江·苏来曼
责任校对：克尤木·吐尔逊
封面设计：阿力甫·夏

*北极星*文学丛书
**愚昧的人们**（维吾尔文）
**（散文集）**
**拜格买提·玉苏甫 著**

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 5.625 印张
2005年5月第1版 2005年5月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7－5371－5169－5 定价：8.50元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەسەنجان سۇلايمان
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

«قۇتۇپ يۇلتۇزى» مەجمۇئەسى

# نادان مۇخلىسلار

(نەسرلەر توپلىمى)

ئاپتورى: بەگمەت يۇسۇپ

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5.625
2005 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5169—5
سانى: 1—3000
**باھاسى: 8.50 يۈەن**

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# ئاپتور ھەققىدە

ياش ژۇرنالىست، شائىر، يازغۇچى بەگمەت يۇسۇپ 1964- يىلى 12- ئايدا قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق قارادۆۋە يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1987 — يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1989 - يىلى 11 - ئايدىن 1992 - يىلى 10 - ئايغىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىدا مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى خادىمى، قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1992- يىلى 11 - ئايدىن 1995 — يىلى 8 — ئايغىچە سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىدا تەرجىمان، كاتىپ، قۇمۇل تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقاتچىسى ۋە «تەقدىرداش» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. 1995 - يىلى 9 - ئايدىن ھازىرغا قەدەر «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باشلىقى، باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

بەگمەت يۇسۇپنىڭ 1994 - يىلى شىنجاڭ خەلق



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

نەشرىياتى نەشر قىلغان «يىراقتىكى تەبەسسۇم» (شېئىرلار توپلىمى) ۋە ئۇ نەشرگە تەييارلىغان «قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە» (ماقالىلار توپلىمى) قاتارلىق كىتابلىرى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. «ئويغاق ئەۋلاد»، «ئوتلۇق تىلەكلەر»، «قەشقەردىكى يەر شارى»، «سۆيگۈ تۇغقان خىياللار» ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكى (3 - قىسىم) قاتارلىق كىتابلارغا ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. «قۇمۇل بوستانلىقىدا بەزمە»، «قوغۇن يۇرتىغا مۇھەببەت»، «قۇمۇل قوغۇنىنى تېتىپ كۆرۈڭ»، «نوۋ رۇز بەزمىسى»، «كۆكلەم ناۋاسى»، «قوغۇن يۇرتىدىكى مەرىپەت بۇلىقى»، «بەختلىك بىر ئائىلە خەلق مۇقامچىلىرى» قاتارلىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلمى ۋە مەخسۇس فىلىملىرى تېلېۋىزور ئارقىلىق جامائەتچىلىككە سۇنۇلغان. «قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن دولان مۇقاملىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى»، «قۇمۇل سۆيگۈسى» قاتارلىق بىر قىسىم ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە «قۇمۇل نەزمىلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە قاتناشقان.

بەگمەت يۇسۇپ ھازىر جۇڭگو مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى،

ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قومۇل ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

قولىڭىزدىكى بۇ «توپلام» ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان نەسرلەر توپلىمى بولۇپ، ئۆزگىچە خاس ئويناق تىل، ئەركىن تەپەككۇر ئارقىلىق ھاياتقا، تۇرمۇشقا، چىن مۇھەببەتكە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ياخشىلىق، ئىناقلىق ۋە جۇشقۇنلۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. رەزىللىك ۋە ناچار خاھىشلارنى قامچىلايدۇ. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن نەسرلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئەنئەنىۋى دەبدەبىلىك نەسرچىلىك تىل خاھىشىدىن خالىي بولۇپ، يېنىك، تەبىئى تىل ۋاستىسى ئارقىلىق چوڭقۇر تەپەككۇر قايىنىمىغا بۆسۈپ كىرىپ ئوقۇغان كىشىدە شېئىرىي ھېسسىيات، ئەقلىي تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

# مۇندەرىجە

سايەمگە سوئال ........................................ 1
سالام گۈزىلىم................................................ 2
دېكابىردىكى بەگمەت .................................... 6
قاراڭلار، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم.................................. 15
يەنە تاڭ ئاتتى .......................................... 21
قوشماق سەلتەنەت ...................................... 24
ياشىسۇن ياخشىلىق .................................... 25
قارا يۈز (چاتما) ........................................ 28
نادان مۇخلىسلار ...................................... 38
مەن مۇھەررىردىن قورقمايمەن .............................. 40
يەۋاتقانلار ۋە قۇسۇۋاتقانلار ........................ 44
«پىلسىرات بېلىتى» ...................................... 47
چاقىرغۇدىكى ئېلان ...................................... 48
پۈتى يوق دانكو.......................................... 50
تاماكا...................................................... 52
تېلېفون دەپتىرىگە قاراش .................................. 55
تەرتىپ نەزەرىيىسى .................................... 58
كۆچمەن.................................................. 59
ۋىجدان ھەققىدە رىۋايەت ................................ 60
مەستلىك كومېدىيىسى .................................. 61

تاماقسىز تاۋاق ........................ 63
يارىم بەرگەن تىلتۇمار ........................ 64
يازغۇچى........................ 66
هاۋشىغان ئىت ۋە تىلەمچى ........................ 71
ئاھ، مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم ........................ 73
هوقۇق ئادالىتى ۋە ئادالەت ........................ 75
ئەدەبىيات، بالىڭىز قېنى؟ ........................ 77
دۇنيانىڭ توغرىسى ۋە خاتاسى ........................ 80
ئارخېئولوگنىڭ قەلبىنى ياشارتقان ئىز ........................ 82
يېرىم بەخت ........................ 83
سىر ........................ 85
باغداش ئەركەك سۈيى ........................ 86
پويىزدا چۈش كۆرۈش ........................ 88
ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى ئايلىنىش ........................ 95
غەزەپ ........................ 105
ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلۇش ........................ 108
قار ياغمىدى بۇ يىل قۇمۇلغا ........................ 110
يىغا ........................ 113
كوچىدا پەرىشتە، ئاسماندا بۇزۇق ........................ 115
يامغۇردىن كەلگەن تېلېفون ........................ 119
بەش شەھەر ئانىسى ........................ 122
چاي قۇتىسىدىن تۆكۈلگەن شېئىر ........................ 124
ئەززىمەس بىر كۈن ........................ 129
مەشۇق ........................ 132
روھ باھاسىز ........................ 133

قان ........................................ 134
كۈتۈش ........................................ 135
تاغ پاقلىنى ........................................ 137
ئاھ سېنىڭ قىز چاغلىرىڭ ........................................ 139
چېقىمچىنىڭ چاقچىقى ........................................ 143
كېچىگە رەسىم سىزىش ........................................ 147
«تەڭداشسىز ئەركەكزەدەك» ........................................ 149
دېھقان ........................................ 151
ئېۋەن ئىزدەش ئېلانى ........................................ 153
پوقاق ........................................ 156
قايتا يادلىنىش ........................................ 158
تەنھالىق ۋە چوپانلىق ........................................ 160
كۆز يېشىغا تويمىغان زامان ........................................ 163
كېچىدىكى يىللار ........................................ 166

# سايەمگە سوئال

— قاچان ۋۇجۇدۇمغا ئامەت نۇرلىرى ياغدى، شۇندىن بۇيان يېنىمدا پەيدا بولىسەن. گاھ ئالدىمغا ئۆتۈۋالىسەن، گاھ كەينىمگە، مەندىن ئۇزىراپ كېتىسەن، گاھ تولىمۇ قىسقا. بېشىمغا قار - يامغۇر ياغقان چاغلاردا قاراڭغىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ۋەجى نېمىكىن؟

— بۇنىڭ جاۋابى ئاددىي، ئىگەم. مەن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن پەيدا بولىمەن. بولۇپمۇ، مۇشكۈلات قاراڭغۇلۇقىدىن ئاسايىشلىق نۇرىغا ئېرىشكىنىڭدىلا ئۆزۈمنى ساڭا نامايان قىلىمەن. ئۇزىراپ كېتىشىم قۇياش نۇرى ساڭا قىيا چۈشكەندە، قىسقىراپ كېتىشىم نۇر ساڭا تىك چۈشكەندە، كەينىڭدە قېلىشىم سەن نۇرغا يۈزلەنگىنىڭدە، ئالدىڭغا ئۆتۈۋېلىشىم نۇر كەينىڭدە قالغاندا زاھىر بولىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى سەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئاگاھلاندۇرۇش ئەمەسمۇ؟



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# سالام گۈزىلىم

يېقىملىق مۇزىكىدەك كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، مۇزىكىنىڭ ئەكس ساداسى تۇيغۇمدا مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى قەلب تۆرەمگە يېڭى تويى بولغان كېلىنىدەك ئولتۇرغۇزۇپ، تۇنجى تويۇمنىڭ چەكسىز شادلىقىدەك ساقلاشنى نىيەت قىلدىم. ئۇنداقتا ئۇنى قەيەردە ساقلىشىم كېرەك؟

مەن مۇۋاپىق ئورۇن ئىزدەپ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمغا سەپەر قىلدىم. بىلدىمكى، قەلب ھەممىنىڭ مەركىزى ئىكەن. ئەسلىمەمدىكى پېرسوناژنىڭ سىماسى ھېلىدىن- ھېلىغا كۆز ئالدىمغا كېلىۋاتاتتى. ئۇ سەنئەت ساھەسىدە كامالەتكە يەتكەن ئۇسسۇل پەرىشتىسى ئىدى. قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىدا مەيىن شامال ئازادە يايرايتتى، سېھىرلىك كۆزلىرى، گىلاستەك لەۋلىرى، ئەۋرىشىم بەدىنىدىن تۇيغۇلىرىمنى مەست قىلغۇچى ھىد كېلەتتى. سۆزلىسە لەۋلىرى ئارىسىدىن «مۇھەببەت، مۇھەببەت، سۆيگۈ، سۆيگۈ» دېگەندەك ئۇقۇملار تۆكۈلەتتى، كۈلسە كۆزلىرىدىن دۇنيانىڭ ھەممە شادلىقى ئۇرغۇيتتى، ماڭسا بەدىنىدىن «ھەممە گۈزەللىك مانا بۇ يەردە» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

كېيىنىشى ۋە تۇرقىدىن ئۇ مېھرىبان ئانا ۋە ئاياللارغا

خاس سالاپەتكە تولغان تەربىيىچى ئىدى. پەرزەنت دېگەننى پەقەت مۇشۇئانىلا تۇغسا ۋە تەربىيىلىسە، دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ. بالىلار ئالدىدىكى ھەربىر سۆزى ۋە ھەرىكىتى تولىمۇ ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچان. بالىلارنىڭ روھىنى ئويغىتىدىغان تۇرمۇش بىلىملىرى، تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرىدىغان ئەپسانە - فانتازىيىلىرى، تىلىنى چېنىقتۇرىدىغان، ئەقلىنى تاۋلايدىغان سۆز ئويۇنلىرى. . . ئىشقىلىپ يارامىلىق بىر پەرزەنت ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. مەن كۆزۈمنى ئېچىپ يىراقلارغا نەزەر سالماقچى بولدۇم، ئالدىمدىكى گۈللۈك ئىچىدىن فونتاننىڭ ئارامبەخش چاچقۇلىرى ئېتىلىپ چىقماقتا، فونتان ئۈنچىلىرى گۈل بەرگلىرىنى يۇيماقتا. مەن يەنە قەلبىمنى ئويلىدىم، قۇلىقىمغا دەريانىڭ سەھەردىكى شاۋقۇنىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى، مەن ئويلانغانسېرى مەيۈسلىنىشكە باشلىدىم.

دىمىغىمغا جىمجىت كېچىدە دەملەنگەن قەھۋەنىڭ ھىدىدەك بىر ھىد ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئەسلىمەمگە قايتتىم، تاتلىق تۇيغۇلار ۋۇجۇدۇمنى غىدىقلاشقا باشلىدى.

بىز تۇنجى قېتىم ئايرىلغاندا مەڭگۈ كۆرۈشەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا ياش تۆكۈشكەن ئىدۇق. بىز ئۈچۈن بىنا، دېرىزە سىرتىدىكى دۇنيا — مەيدان، دەل - دەرەخ، گۈللەر، يىراقتىكى تاغلار، تاغ ئۈستىدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان، ئاسماندىكى جىمجىتلىق. . . ھەممە، ھەممىسى پەقەت بىز ئۈچۈنلا سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. بىراق سەنمۇ، مەنمۇ ھېس قىلىشماپتۇق، يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزئارا

كۆز قىسىشىپ سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا: «توختاپ تۇرۇڭلار، بىز ئۇلارنى بىر مەزگىل ھىجراندا قويۇپ، يەنە يۈز كۆرۈشتۇرىمىز» دېگەنلىكىنى؛ تاغلارنىڭ ئۆز قەددىدىن ئەندىزە بېرىپ: «مەردانىراق بول، ۋىسال پەيتى ئالدىڭدا» دېگەنلىكىنى؛ كېچىنىڭ باغرىنى ئېچىپ تۇرۇپ: «مېنىڭ باغرىم ھەممە مەخپىيەتلىكىڭلارغا ئامانەت، ئۇ ھامان ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئەسلا ھېس قىلىشماپتۇق. مانا ئەمدى بىر ئىستاكان سۈت، ئىككى بۇردا بولكا يەنىلا ئالدىمىزدا تۇرمامدۇ. يەنىلا قىزغىن سۆھبەت، بەس - مۇنازىرە ئۈستەلگە تۆكۈلمەكتە. ھەقىقەتەنمۇ كېچە بىزگە قەلب مەخپىيەتلىكىمىزنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى. ئەينى چاغدا «ياخشى كۆرىمەن» دېيىشەلمىگەن بولساق، ئەمدىلىكتە ياخشى كۆرۈشىدىغانلىقىمىزنى ئىزھار قىلىشتۇق. ئەينى چاغدىكى مۇددىئا - مەقسەتلىرىمىز يېقىملىق ئەتىردەك دىماغلىرىمىزغا قايتا ئۇرۇلدى. ئاناڭنىڭ، داداڭنىڭ، ئانامنىڭ، دادامنىڭ ئارزۇسىمۇ خۇددى ئالدىمىزدىكى قىزىل ئەتىرگۈلدەك ئېچىلىشقا باشلىدى. مەن ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىنى ئۈزۈپ لېۋىڭگە تەگكۈزدۇم. سەن ئۇنى تىلىڭنىڭ ئاستىغا بېسىۋالدىڭ. مەن: «قايتۇرۇپ بەر» دېدىم. سەنمۇ بىرنى ئۈزۈپ بەرمەكچى بولدۇڭ، بىراق، كۈتكۈچى قىز كېلىپ قالدى. سەن نىيىتىڭدىن ياندىڭ. ئۇ چېيىمىزنى يەڭگۈشلەپ قويۇپ، مەنىلىك كۈلۈپ قويدى - دە، چىقىپ كەتتى. سەن «‹ئەتىرگۈل› نىڭ بەرگىنى يەنە ئۈزسەك بولمايدىكەن» دېدىڭ. شۇنداق قىلىپ «ئەتىرگۈل» نىڭ بەرگى پەقەت ۋە پەقەت ساڭىلا نېسىپ بولۇپ قالدى.

«بوپتۇ، ئىككىمىزگە بەربىر» دېدىم مەن ھەم خۇشال بولغان ھەم قايغۇرغان كەيپىياتتا. ھەقىقىي مۇھەببەت مانا شۇنداق بولسا كېرەك. سەن مەندىن خەۋەر كۈتىسەن، مەن ساڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشنى ئويلايمەن. گەرچە دۇنيادا قايغۇ بىلەن خۇشاللىق بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، «قايغۇ» دېگەن ئۇقۇمغا خۇددى مۇھەببەتكە ئوخشاش نازۇك تۇيغۇ بىلەن تولغان ۋۇجۇددەك بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. شۇڭا، مەن ھەر ۋاقىت ساڭا خەۋەر بەرمەكچى بولغىنىمدا «خۇشاللىق سىزگە يار بولسۇن» دەيمەن خۇدادىن تىلىگەچ. بىراق، بىزنىڭ كۈتىدىغىنىمىز، يەتكۈزىدىغىنىمىزنىڭ قانداق خەۋەر ئىكەنلىكىنى ھېچقايسىمىز ئېنىق بىلمەيمىز.

بىراق، خەۋەر ھەر ئىككىمىزنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىمىزنىڭ دېرىكى. شۇنداق، تىنىقىمىز بولسىلا ئۆزىمىزگە تەئەللۇق دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرلىشىپ تۇرىمىز. ئۆزىمىز بىلىدىغان دۇنيا قارىماققا ئايرىلىپ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن ئۇنىڭ يولى بىر، غولى بىر.

شۇڭىمۇ بىز ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزىقىمىز، يول ماڭغانسېرى بىر - بىرىگە تۇتىشىدۇ. دېمەك، ۋىسال پەيتىمىز يەنىلا ئالدىمىزدا. بىز كۆرۈشكەندە ئايرىلىپ تۇرغان ئاشۇ دۇنيا ئۆزئارا بىرلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئىككى ئەمەس، بىر ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا ھېس قىلىشىمىز. بۇ ھەممە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئورتاق تىلىكى.

سالام گۈزىلىم!

# دېكابىردىكى بەگمەت

قەيەردە تۇغۇلۇش شۇنچە مۇھىممۇ؟ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاتمىش تۆتىنچى يىلى ھەممە كىشىنىڭ يېشىغا يېڭى ياش قوشۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ مىنۇتلاردا ئاددىي يېزىنىڭ مۇقەددەس ھاۋاسى دىمىغىمغا ئۇرۇلغاندا، بوز تۇپراقنىڭ كىندىكىدىن ئېتىلىپ چىققان سۈزۈك سۇ ئانامنىڭ ئۇغۇز سۈتى بىلەن ئاغزىمغا تېمىتىلغاندا مەن بۇ سوئالنى ئۇن خىيالىمنىڭ بىرىگىمۇ ئېلىپ قويمىغان ئىدىم. ۋاقىت مېنى قوينىغا ئالدى. شۇندىن بۇيان مەن تۇغۇلغان بۇ قەدىمىي شەھەردە قانچە قېتىم قار ياغقانلىقىنى، قانچە قېتىم بوران چىققانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولالمايمەن. تارىخنى بىلىپ، تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگىدەك بولغان چاغلىرىمدا سەلتەنەت سۈرگەن بۇ شەھەر كىچىكلەپ ئاھالىسى شالاڭ جىمجىت سەھراغا ئايلىنىپ بوپتۇ. شەھەر دېمەك، تەرەققىيات دېمەك. سەھرا دېمەك، تارىخ دېمەك. ھەممە تارىخ سەھرادىن تېپىلىدۇ. يامغۇر يالىغان تاشلاردىن، بوران ئۇچۇرغان قۇملۇقلاردىن، بىر - بىرىگە ئورۇن بېرىشكەن كونا يوللاردىن، سۇيى قۇرۇغان يانتاقلىق، لوقاقلىق ئېقىنلاردىن، ئۈستى ئوچۇق خاڭلاردىن، كۆزى ئېتىلگەن بۇلاقلاردىن، يارىيار ھارۋىلارنىڭ چىرىپ تەمەچ بولۇپ

قالغان يالداملىرىدىن، كەسلەنچۈك ئۆۋىسىغا ئايلانغان ئەسكى تۇرالاردىن سەلتەنەتىمنى ئىزدىدىم. ئىزدەش ماڭا تۈرلۈك قىسمەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، مەن گاھىدا ئۈمىدسىزلەندىم، گاھىدا ئىلھاملاندىم. بۇۋامنىڭ جەسۇرلۇق داستانلىرى، مومامنىڭ ھەققانىي رىۋايەتلىرى كىچىككىنە قەلبىمنىڭ ھەجمىنى چوڭايتتى. قاچانلاردىدۇر «ئالمىدەك يۈرەك» كە «ئالەمچە سۆيگۈ» نىڭ سىغدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

يۈلقۇندۇم، سەھرانىڭ ساپ ھاۋالىق سەھىرى ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىمغا سىڭىپ بارماقتا ئىدى. تۈن كېچىلەر ماڭا قۇتلۇق تىلەك تىلەش پۇرسىتىنى ئاتا قىلغان بولسا، يۈز قېتىم ئوقۇسا ياد بولۇش، مىڭ قېتىم ئوقۇسا مىخ بولۇش مىزانىم تاكى قوزا چۈشىنىڭ قارىسىنى ئالاتتى.

ئىرماشتىم، شام مەزگىلى نەقەدەر قورقۇنچلۇق ـ ھە! ئۇ يورۇقلۇقنى يۇتۇپ كەتسىلا يولۇم توسۇلۇپ قالاتتى. سەھرا دېگەن ئەنە شۇنداق، ئىستولىبىنىڭ غولىغا يۆلىنىپ كىتاب ئوقۇيدىغان شەھەردىن تامامەن پەرقلىنىدۇ. ھازىرقى ياشلارغا بۇ ئۆتمۈشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوقتەك بىلىنىشى مۇمكىن. ئۇلار قاراڭغۇلۇقنى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ۋەدىنامە ئوقۇيدىغان قۇتلۇق سورۇنى، دەپ ئەتىۋارلىشىدۇ. ئۇلار: «نەگىلا بارسا ئېلېكتر چىراغلىرى ھىجىيىپلا تۇرغان، قاراڭغۇلۇقتەك تەمكىن جايىنى تاپماق تەس» دېيىشىدۇ. ئۇلار كىتابلىرىنى تاش ئورۇندۇقلارنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ ـ توزانلاردىن «مۇداپىئە» كۆرۈشنىڭ قالقىنى قىلىشقان چاغلىرىدا «بىزنىڭ شەھەر بۇ ئەمەس» دېگۈم كېلىدۇ.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com